**نورۋېگىيە ئۇيغۇر ئىسلام مەدىنىيەت مەركىزىنىڭ 2017- يىللىق خىزمەت دوكلاتى بېرىش يىغىن ئۇقتۇرۇشى.**

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك قېرىنداشلا!

نورۋېگىيە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ 2017- يىللىق خىزمەت دوكلاتى بېرىش يىغىنى 2018-يىل 3-ئاينىڭ 18-كۈنى (يەكشەنبە) نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرغان 2018 - يىللىق «نورۋېگىيەدە نورۇز» پائالىيىتىدىن كېيىن كولبوتوندىكى زالدا ئۆتكۈزىلىدۇ.

بۇ يىغىنىنىڭ مەزمۇنى:

1. نورۋېگىيە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ 2017- يىللىق خىزمىتىدىن دوكلات بېرىلىدۇ.
2. نورۋېگىيە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ 2017- يىللىق مالىيەسىدىن دوكلات بېرىلىدۇ.
3. نورۋېگىيە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىگە ئۆزىنى كۆرسۈتۈپ يېڭى تىزىملاتقان ھەيئەت ئەزالىرى خىزمەتكە بېكىتىلىدۇ.

**نورۋېگىيە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىگە يېڭىدىن ھەيئەت ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرشى.**

نورۋېگىيە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ۋە قېلىپقا سېلىش ئۈچۈن، قابىلىيەتلىك ياشلاردىن ھەيئەت ئەزاسى قوبۇل قىلىمىز. سىزنىڭ نورۋېگىيە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىگە خىزمەت قىلغىڭىز بارمۇ؟

تۆۋەندىكى خىزمەت ھەم ۋەزىپىلەرگە مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ۋە خىزمەتلەرنى ۋاقتىدا ئىجرا قىلالايدىغان ھەيئەت ئەزالىرى لازىم.

1. جىنازا ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم 2 نەپەر
2. ئىقتىسادقا مەسئۇل مالىيە خادىمى 1 نەپەر
3. تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم 1 نەپەر
4. ئارخىپلاشتۇرۇشقا مەسئۇل خادىم 1 نەپەر
5. جامائەت ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم 1 نەپەر

بۇ ۋەزىپىلەرگە ئۆزىنى كۆرسەتكۈچىلارنىڭ قوبۇل قىلىنىش تەلەپلىرى:

1. چوقۇم نورۋېگىيە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىگە ئۆزى ۋە پۈتۈن ئائىلىسى ئەزا بولغان بۇلۇش كېرەك. (2017-يىلى-12-ئاينىڭ-31-كۈنىدىن بۇرۇن ئۆزىنى تىزىملاتقان بۇلۇشى كېرەك)
2. نورۋېگىيە ساقچى ئىدارىسىدىن بېرىلگەن جىنايەت ئۆتكۈزۈپ باقمىغانلىقىغا دائىر ئىسپاتنامىسى بولۇشى كېرەك. (Politiattest for frivillige organisasjoner)
3. ئۆزى قابىلىيەتلىك، مەسئۇلىيەتچان، ۋاقتىدا رىئايە قىلىدىغا ۋە جامائەت ئىچىدە بەلگىلىك ئىناۋەتكە ئىگە ھەم سەلبى تەسىرى يوق كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك.
4. نورۋېگىيە دە ئاز دىگەندە 3 يىل ياكى ئۇنىڭدىن ئاتۇق تۇرغان بۇلۇش كېرەك. (2015-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى دىن بۇرۇن نورۋېگىيەگە كەلگەن بۇلۇش كېرەك)
5. نورۋېكچە سەۋيەسى 2- دەرىجىدىن يۇقىرى بۇلۇش كېرەك.
6. كومپيوتۇر ئىشلىتىش سەۋيەسى بۇلۇش كېرەك. (كومپيۇتوردا ئۇيغۇرچە ۋە نورۋىكچە خەت-ھۆججەتلەرنى يېزىش، ئۆز خىزمەت دائىرىسگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توردىن تېپىش، ئۆز دائىرسىغا مۇناسىۋەتلىك نورۋېگىيە ئىدارە- جەمىيەتلىرى بىلەن توردا مۇستەققىل خەت-ئالاقە قىلالىشى شەرت)
7. چوقۇم ۋاقتىنى ئاجىرتىپ ئۆزى مەسئۇل بولغان خىزمەتلەرنى ۋاقتىدا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئورۇندىشى كېرەك. ئايلىق يىغىن، يىللىق يىغىن ياكى باشقا شەكىلدىكى يىغىنلارغا ۋاقتىدا قاتنىشىش كېرەك.
8. ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر خىتاي ياكى خىتاي تېرىتورىيىسىدىكى يەرلەرگە بېرىپ كەلمىگەن بولۇشى كېرەك.

**ئەسكەرتىش:**

تۆۋەندىكى ھەيئەت ئەزالىقىغا ئىلتىماس قىلىدىغان جەدۋەلنى تولدۇرۇپ 2018-يىلى 3-ئاينىڭ 15-كۈنىگىچە بىزگە ئەۋەتىپ بېرىشىڭىز كېرەك. قەرەلى ئۆتكەندىن كېيىنكى ئىلتىماس ئىناۋەتسىز.

نورۋېگىيە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىگە بۇرۇن ھەيئەت ئەزاسى بۇلۇپ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ياكى ئۆزى ئىستىپا بېرىپ چىقىپ كەتكەنلەر ھەيئەتلىككە قايتا قوبۇل قىلىنمايدۇ.

**نورۋېگىيە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزى**

2018.يىلى 3. ئاينىڭ 4.كۈنى